ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

2

2013

新疆大學學報

哲学社会科学维吾尔文版

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

**شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)**

**34 ـ يىللىق 2 ـ سان(ئومۇمىي 134 ـ سان)　　2013 ـ يىلى 6 ـ ئاي**

# بۇ ساندا

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە تارىخشۇناسلىقنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا.................
.....................ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق (1)

تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىيات يولى ھەققىدە ......... زۇلھايات ئىسمائىل (13)

«تارانچى دىيالېكتى»دىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئىزدىنىش.......... نىجات سوپى (24)

ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنسىي كەمسىتىشكە ئائىت ئاملىلار ھەققىدە مۇلاھىزە............ ئاينۇر ئابدۇرېشىت (34)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئاجىز ئورۇندا تۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا
مۇلاھىزە.............................. ئىلھام ياسىن، دىلبەر مەخمۇتجان (43)

جامائەت بىخەتەرلىكى تولۇقلىمىسى مېخانىزمىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ باش قېتىنچىلىقى ۋە خەۋپ - خەتەرنى
ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە ..........ئىلياس جالالىدىن، ئارسلان ئەھمەد زىيائى (50)

## تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ئۇيغۇرچە بۇددا نوم پارچىسى» دىكى «ئىنسادى سۇترا» دىن پارچە ئۈستىدە
تەتقىقات...............................................دىلارا ئىسراپىل (58)

تەرجىمىدىكى ئالتە خىل مەنە توغرىسىدا .......................رەشىدە غوپۇر(62)

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى

«تۈتىنامە» ھېكايىلىرىدىكى ئاساسلىق موتىفلار ھەققىدە ئىزدىنىش .............. ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى (67)

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي رومانلارنى تۈرگە ئايرىپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى.......
..............................ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى (72)

ئىلى ئۇيغۇر خەلق ناخشا تېكىستلىرى ۋە ئۇنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ........... خالمۇرات ئابدۇرېھىم (81)

باللار شېئىرى ئىجادىيىتى توغرىسىدا ئىزتىراپلىق ئويلار .....................ئەركىن داۋۇت ئوغۇز (89)

ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ موتىفلىرى ھەققىدە ......................ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە (98)

ئۇيغۇر ۋە ياپون خەلق چۆچەكلىرىدىكى بەزى ئوخشاشلىقلار ئۈستىدە مۇلاھىزە. .............دىلارە ئەبەيدۇللام (112)

## قانۇن، تارىخ تەتقىقاتى

چىڭ سۇلالىسىگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەردىن چيەنلۇڭ مەزگىلىدە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر
ئۈستىدە تەتقىقات..........................................ئالىيە ئەنۋەر، ماھىرە جاپپار (116)

كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان ئابىدىلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى توغرىسىدا................ئابلىكىم قۇربان تۆمۈر (129)

## كۇتۇپخانا تەتقىقاتى

كۇتۇپخانىلاردا كىتاب، گېزىت-ژۇرنال باشقۇرۇش خىزمىتى ھەققىدە ئىزدىنىش..............خالىدە ئەسمەت (137)

**ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېترى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2013-2**

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）

第34卷第2期（总134期）　2013年6月

# 目　录

## 西域文化研究

清代维吾尔族社会及其史学发展特点初探……阿合买提·苏来曼·库图鲁克(1)

土耳其现代之路……祖力亚提·司马义(13)

探《塔兰奇方言》中的语音变化……尼加提·苏皮(24)

论维吾尔语中的性别歧视成分……阿依努尔·阿不都热西提(34)

## 政治、经济与管理学研究

少数民族女大学生的就业弱势问题研究……依里合木·牙生，迪丽拜尔·马合木提江(43)

浅析公共安全补偿机制中政府的困境及风险的社会化……
……伊力亚斯·加拉力丁，阿尔斯兰·艾合买提(50)

## 语言与文化研究

国家图书馆藏《畏兀儿写经残卷》中的《因萨底经》片段研究……迪拉娜·伊斯拉非尔(58)

翻译中的六种意义简述……热西旦·吾甫(62)

## 文学研究

浅论《鹦鹉的故事》的母体……阿布都外力·克热木(67)

浅谈维吾尔当代文学长篇历史小说的分类及其研究意义……阿不都艾海提·阿不都热西提(72)

伊犁维吾尔民歌歌词及其它的语言特点……哈力木拉提·阿不都热依木(81)

析谈儿童诗歌创作的深思……艾尔肯·达吾提(89)

维吾尔族民间达斯坦母题研究……牙森江·买提尼牙孜(98)

日本民间故事与维吾尔民间故事比较研究……迪拉热·艾拜都拉木(112)

## 法学、历史研究

清文献及乾隆时期新疆自然灾害研究……阿利亚·艾尼瓦尔，马依然·家柏(116)

浅谈阙特勤碑和毗伽可汗碑的历史价值……阿不力克木·库尔班(129)

## 图书馆研究

浅谈在图书馆图书，报纸和杂志管理工作的重要性……哈丽达·艾斯买提(137)

〔期刊基本参数〕: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2013-2

www.altunyaruk.com

第 34 卷第 2 期　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　34 ـ يىللىق 2 ـ سان
2013 年 6 月　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2013 ـ يىلى 6 ـ ئاي

ماقالە نومۇرى: 10ـ024ـ02(2013) 5878ـ1005

# «تارانچى دىيالېكتى» دىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئىزدىنىش*

نىجات سوپى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى پەنلىرى پوستدوكتورلار پەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتى، ئۈرۈمچى. 830046)
(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە رۇس ئالىمى رادلوف تەرەپىدىن توپلىنىپ، 1886ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ تىلىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر تەھلىل قىلىنىپ، چاغاتاي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش مەزگىلىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى كۆرسىتىلىدۇ ھەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى فونېتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى ۋە قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىلىدۇ.

**摘要:** 本文重点分析俄罗斯学者拉德洛夫在 1886 年出版的《塔兰奇方言》一书所包括的作品语言的各种语音变化。从而，指出从察合台语发展到现代维吾尔语中间的过渡时期维吾尔语的基本语音特点。探索现代维吾尔语部分语音现象的出现过程与规律。

**Abstract:** This paper focuses on some phonetic changes of Taranchi dialect, in the book published by Russian scholar Radloff in 1886. It indicates the basic phonetic features of the transition period of Uyghur language from the Chagatay language development to Modern Uyghur. It explores appearing process and rules of some phonetic phenomenon in the Modern Uyghur.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0　　ماتېرىيال بەلگىسى: A**

ئۇيغۇر تىلى چاغاتاي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش جەريانىدا، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 20ـ ئەسىرنىڭ 30ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر ئۆتكۈنچى دەۋرنى باشتىن كەچۈردى. ۋ. ۋ. رادلوف، ن. ن. پانتۇسوف قاتارلىق رۇس ئالىملىرى شۇ دەۋردە خەلق ئارىسىدىن خاتىرىلەپ، توپلاپ نەشر قىلغان بىر قاتار «تارانچى تېكىستلىرى» بىلەن شۋېت مىسسىيونېرلىرى بېسىپ تارقاتقان «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» مانا بۇ ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب ئىككى قانىتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ.

ۋاسىلىي ۋاسىلىيېۋىچ رادلوف (1837ـ1918)نىڭ «شىمالدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ تىلى» ناملىق بىر يۈرۈش كىتابى ئەينى دەۋردىكى ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى. بولۇپمۇ بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى بولغان «خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۈرنەكلەر»دە ھەر قايسى تۈركىي قوۋملارنىڭ خەلق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ئىنچىكە ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى ئارقىلىق تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، بۈگۈنكى كۈندە ئەينى دەۋر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە شۇ دەۋر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ قالدى. جۈملىدىن بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە يېزىلغان «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق 6ـ قىسمى تىلىمىزنىڭ 19ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى بىلىشتە ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر. بۇ كىتاب 1886ـ يىلى سانكت پېتېربۇرگدا نەشر قىلىنغان.

*بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 12ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل ـئەدەبىياتى پەنلىرى پوستدوكتورلار پەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى ئىلى شېۋىسى تىل مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» نامىدىكى پوستدوكتورلۇق تەتقىقات تېمىسى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقى ئادەمىيات ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ ‹‹تارانچى تېكىستلىرى››نىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات›› (12YJA740058) ناملىق تەتقىقات تېمىسىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىدىن بىرى.

**ئاپتور:** نىجات سوپى (1968ـ يىلى 9ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، دوكتور، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىست قىسمىنىڭ ھەجمى 211 بەت كېلىدۇ. كىتابقا غۇلجا قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىن 1862-يىلىدىن باشلاپ خاتىرىلەنگەن خەلق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ۋە بىر قىسىم يازما ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن. مەزمۇن جەھەتتىن ماقال-تەمسىللەر، پەندى-نەسىھەتلەر، ئىلىغا ئائىت خەۋەرلەر، مەسەللەر، خەلق ئارىسىدىكى ھېكايىلەر، چۆچەكلەر، بېيىتلار قاتارلىق تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ.

رادلوفنىڭ «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق بۇ كىتابى ھەجمىنىڭ بىر قەدەر چوڭلۇقى، كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر سانىنىڭ كۆپلۈكى، سىستېمىلىق ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بىلەن خاتىرىلەنگەنلىكى بىلەن چاغاتاي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەر بولالايدۇ. ئەسەر تىلىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا سېلىشتۇرساق، ئەسەر خاتىرىلەنگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 150 يىلغا يېقىن جەرياندا تىلىمىزدا يۈز بەرگەن بىر قىسىم تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. شۇ نۇقتىدىن، بىز بۇ ماقالىمىزدە «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق بۇ ئەسەردىكى تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرىدىن بىرى بولغان تىلدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. نۇتۇق ئېقىمىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر

### 1) ئاسسىمىلياتسىيە

«تارانچى دىيالېكتى»دىكى ئەسەرلەر ئېغىز تىلىدىن ئېلىنغان، شۇنداقلا بىر قەدەر ئىنچىكە فونېتىكىلىق بەلگىلەر ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، ئەينى دەۋر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى خېلى زور دەرىجىدە توغرا ئىپادىلىگەن. جۈملىدىن نۇتۇق ئېقىمىدا سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ياكى سۆز بىلەن سۆز ئۇلىنىپ تېز ئېيتىلغاندا ئالدىنقى بوغۇمنىڭ ئاخىرقى ئۈزۈك تاۋۇشى بىلەن كېيىنكى بوغۇمنىڭ باشلامچى ئۈزۈك تاۋۇشى ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ياكى ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشىتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسىنىڭ كۆپرەك يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئاخىرى دىماغ تاۋۇشى «ن» بىلەن ئاياغلاشقان بىر قىسىم سۆزلەرگە قوۋۇز تاۋۇشى «ل» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، سۆز ئاخىرىدىكى «ن» تاۋۇشى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن «ل» تاۋۇشى تەرىپىدىن تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ كۆپلۈك قوشۇمچىسى «-لار، -لەر»، سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «-لىق، -لىك، -لىغ، -لۇق، -لۈك»، پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «-لا» قاتارلىقلار ئۇلانغان چاغدا بۇ ھادىسە روشەن گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، «-لار، -لەر» قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا: «ئاخۇللار (ئاخۇنلار)، باققاللار (باققانلار)، بارماغاللار (بارماغانلار)، بولغاللار (بولغانلار)، پۇشماللار (پۇشمانلار) تۇرغاللار (تۇرغانلار)، چاپاللار (چاپانلار)، ساخلىغاللار (ساقلىغانلار)، ساماللار (سامانلار)؛ دەگەللەر (دېگەنلەر)، كەلمەگەللەر (كەلمىگەنلەر)، تۈشكەللەر (چۈشكەنلەر)، كۆتەرگەللەر (كۆتەرگەنلەر)، كىرمەگەللەر (كىرمەگەنلەر)، تەرىگەللەر (تېرىغانلار)، كەلگەللەر (كەلگەنلەر)». «-لار، -لەر» قوشۇمچىسى بىلەن «-ى» قوشۇمچىسى تەڭ ئۇلانغاندا: «ياماللېرى (يامانلىرى)، قالغاللېرى (قالغانلىرى)، خوتۇللېرى (خوتۇنلىرى)، زىنداللېرى (زىندانلىرى)، بەرەدىغاللېرى (بېرىدىغانلىرى)، تۇققاللېرى (تۇغقانلىرى)، تارتقاللېرى (تارتقانلىرى)». «-لىق، -لىك، -لىغ، -لۇق، -لۈك» قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا: «ئانجاللىق (ئەنجانلىق)، قوقاللىق (قوقانلىق)، ئەسەللىك (ئېسەنلىك)، تاشكەللىك (تاشكەنتلىك)، كۆللىگى (كۆنلۈكى)، ئەرەللىگى (ئەرەنلىكى)، ئوبداللىغ (ئوبدانلىق)، كۆللۈك (كۆنلۈك)، توللۇق (تونلۇق)، گورۇستاللىق (گۆرۈستانلىق)». «-لا» قوشۇمچىسى ئۇلانغاندىمۇ شۇنداق. مەسىلەن، «تارانچىنى خاتلاپ، زىيادا ئۆسكەنىنى تېيىللاپ داڭزا قىلىپ، داڭزىسىنى ئېلىپ كەلىپ، ھەكىم، شاغىغا ئېلىپ كەلىپ بەردى.»

يۇقىرىقى مىسالدىكى «تېيىللاپ» سۆزىنىڭ

ئەسلىي شەكلى «تەيىنلەپ» (تەييارلاپ، ھازىرلاپ) بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇ يەردە «تەيىن» سۆزىنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى «ن» قوشۇمچىنىڭ باش تاۋۇشى «ل» تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان.

(2) تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى تاۋۇشى «ن» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوش لەۋ تاۋۇشى «م» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا «م» تاۋۇشى «ن» تاۋۇشىنى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئاق بوز ئېتىم ئوبدامموۇ؟

قارا بوز ئېتىم ئوبدامموۇ؟

سادىر ئۆزى يامامموۇ؟

پۇل تېپىپ بەرسە ئوبدامموۇ؟»

يۇقىرىقى پارچىدا «ئوبدان، يامان» سۆزلىرىدىكى «ن» تاۋۇشى «ـ مۇ» قوشۇمچىسىنىڭ باشلانما تاۋۇشى «م» تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان.

(3) سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز تىل ئالدى ئۆزۈك تاۋۇشى «ش»، سىيرىلاڭغۇ جاراڭلىق تىل ئۇچى ئالدى ئۆزۈك تاۋۇشى «ز»، پارتلىغۇچى جاراڭسىز، تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى تاۋۇشى «ت»، پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز، تىل ئالدى ئۆزۈك تاۋۇش «چ» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز، تىل ئۇچى ئالدى ئۆزۈك تاۋۇشى «س» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا سۆز ئاخىرىدىكى «ش، ز، ت، چ» تاۋۇشلىرى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى ياكى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن «س» تاۋۇشى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، پېئىللارنىڭ شەرت رايى «ـ سا، ـ سە» قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا: «پىسسا (پىشسا)، توشقاسسا (توشقۇزسا)، كۆركۆسسە (كۆرگۈزسە، كۆرسەتسە)، ئاسسا (ئاتسا؛ ئاچسا)، ياسسا (ياتسا)، ساسسا (ساتسا)، قاسسا (قاتسا)، تۇسسا (تۇتسا)، ئايسسا (ئېيتسا)، يوقاسسا (يوقاتسا)، كەسسە (كەتسە)، يەسسە (يەتسە)، ئەۋەسسە (ئەۋەتسە)، تۆگەسسە (تۈگەتسە)، ئىسسە (ئىچسە)». پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى 3 ـ شەخس «ـ سۇن، ـ سۈن» قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا: «كۆرسۆسسۈن (كۆرسەتسۈن)، ئەۋەسسۇن (ئەۋەتسۇن)، تۇسسۇن (تۇتسۇن)، كەسسۇن (كەتسۇن)». سۈپەتلەرنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى «ـ سىز» ئۇلانغاندىمۇ شۇنداق. مەسىلەن:

«بىر تاز كەپتۇ، ئوغۇلسۇزغا ئوغۇل بولۇمەن دەپ، قىسسىزغا قىز بولۇمەن، دەپ.»

يۇقىرىقى مىسالدىكى «قىسسىز (قىزسىز)» سۆزىدە «قىز» سۆزىگە بولۇشسىز قوشۇمچىسى «ـ سىز» ئۇلانغاندا «قىز» سۆزىنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى «ز» ئۆزىدىن كېيىن ئۇلىنىپ كەلگەن «س» تاۋۇشى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان.

(4) يۇقىرىقىلاردىن باشقا «تارانچى دىيالېكتى»دا يەنە بىر قىسىم سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىدە بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن كەلگەن تاۋۇشلار تەرىپىدىن تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ياكى ئۇسۇلى جەھەتتىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان ئەھۋاللار بار. مەسىلەن، «ياڭمۇر (ياغمۇر، يامغۇر)» سۆزىدە «غ» تاۋۇشى «م» تاۋۇشى تەرىپىدىن يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، «ڭ» تاۋۇشىغا ئايلانغان. «مەڭسىپدار (مەنسەپدار)، ئاندىڭ كىن (ئاندىن كېيىن)» قاتارلىق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە «ن» تاۋۇشى «س، ك» تاۋۇشلىرى تەرىپىدىن يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، «ڭ» تاۋۇشىغا ئايلانغان. «ئامام بارمۇ (ئامان بارمۇ)» سۆز بىرىكمىسىدە «ن» تاۋۇشى «ب» تاۋۇشى تەرىپىدىن يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، «م» تاۋۇشىغا ئايلانغان. «شۇمچا» (شۇنچە) سۆزىدە «ن» تاۋۇشى «چ» تاۋۇشى تەرىپىدىن يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، «م» تاۋۇشىغا ئايلانغان. «ئاتتانماس (ئاتالماس)» سۆزىدە «ل» تاۋۇشى «م» تاۋۇشى تەرىپىدىن يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، «ن» تاۋۇشىغا ئايلانغان. «كۆڭنى» (كۆڭلى) سۆزىدە «ل» تاۋۇشى ئۆزىنىڭ ئالدىدا كەلگەن «ڭ» تاۋۇشى تەرىپىدىن يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، «ن» تاۋۇشىغا ئايلانغان. «ئۇس قىل» (ئۇز قىل) بىرىكمىسىدە «ز» تاۋۇشى «ق» تاۋۇشى تەرىپىدىن يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ «س» تاۋۇشىغا ئايلانغان. «ئۈس ساڭ» (ئۈچ ساڭ) بىرىكمىسىدە «چ» تاۋۇشى «س» تاۋۇشى تەرىپىدىن تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان، ۋەھاكازالار.

دېمەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاشلا، «تارانچى دىيالېكتى»دىمۇ بىر قىسىم

سۆزلەردە تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولغان.

## 2) تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

(1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى. «تارانچى دىيالېكتى»دا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىكى ئەڭ تىپىك مەسىلە — تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ئەڭ تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش «ئا» بىلەن سەل تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش «ئە»نىڭ بىر قىسىم سۆزلەردە سەل يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش «ئې» ياكى ئەڭ يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش «ئى»غا نۆۋەتلىشىشى ھېسابلىنىدۇ.

«تارانچى دىيالېكتى»نىڭ تىلىدىن قارىغاندا، بىر قىسىم سۆزلەردە «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى بۇ دەۋردە رەسمىي كۆرۈلۈشكە باشلىغان، لېكىن بۇ ھادىسىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىدىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەركىبىدىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى «ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلەشكەن بىر قىسىم سۆزلەر «تارانچى دىيالېكتى»دا تېخى نۆۋەتلەشمىگەن ھالەتتە كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئانا تىل سۆزلىرىدىمۇ، ئەرەبچە، پارسچە كىرمە سۆزلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. تۈپ سۆزلەردىمۇ، ياسالما سۆزلەردىمۇ، شۇنىڭدەك سۆزنىڭ تۈرلەنگەن شەكلىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، تۈپ سۆزلەردە، «چەرىك (چېرىك)، ئەشىك (ئېشىك)، ئەشەك (ئېشەك)، ئەگەر (ئېگەر)، يەڭى (يېڭى)، ئەتىز (ئېتىز)، ئەگىز (ئېگىز)، تەچ (تىنچ)، ھەلى (ھېلى)، بەدە (بېدە)، نەمە (نېمە)، تەرە (تېرە)، ئايتماق (ئېيتماق)، كەيمەك (كېيمەك)». ئەرەبچە كىرمە سۆزلەردە، «ھەكىم (ھېكىم)، يەتىم (يېتىم)، نەمەت (نېمەت)، مەكرى (مىكىر)، غەرىب (غېرىب)». پارسچە كىرمە سۆزلەردە، «كەمە (كېمە)، تەزەك (تېزەك)، مەھەر (مېھر)، بەھىش (بېھىش)، ئەسەن (ئېسەن، ئامان-ئېسەن)، ھەش (ھېچ)». ياسالما سۆزلەردە، «كەلىن (كېلىن)، كەچە (كېچە)، بەكىتمەك (بېكىتمەك)، ئەگەچە (ئىگىچە، ئاچا)، تەبىلغۇ (تېۋىلغا)، زەرىكمەك (زېرىكمەك)». سۆزنىڭ تۈرلەنگەن شەكلىدە، «كەلۇر (كېلۇر)، كەتىپ (كېتىپ)، كەسىپ (كېسىپ)، ساناغان (سانىغان)، ئەرى (ئېرى)، مەنى (مېنى)، سەنىڭ (سېنىڭ)، نەرسەنى (نەرسىنى)، ئاپەتى (ئاپىتى)، تەرىپ (تېرىپ)، بەرىپ (بېرىپ)، يەسە (يېسە)، دەسە (دېسە)، ئىشكەلى (ئىچكىلى)، بەگى (بېگى)، يۈرەگى (يۈرىكى)، پەللەنى (پەللىنى)، ھەمەسى (ھەممىسى)، نەمەتلەرى (نېمەتلىرى)، بەندەسى (بەندىسى)، مىنگەلى (مىنگىلى)، بەرگەنى (بەرگىنى)، ئىشلەتكەلى (ئىشلەتكىلى)، يۆرگەشىپ (يۆگىشىپ)، غۇلجادا (غۇلجىدا)».

ئىككىنچىدىن، بىر قىسىم سۆزلەردە «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش «ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن، تۈپ سۆزلەردە:

| قەدىمكى شەكلى | «تارانچى دىيالېكتى»دىكى شەكلى | ھازىرقى شەكلى |
|---|---|---|
| قارى | قېرى | قېرى |
| ياغى | يېغى | يېغى |

سۆزنىڭ تۈرلەنگەن شەكلىدە: «تېشى، قېشى، بېشى، ئېتى، مېڭىشى، سېلىپ، يېنىپ، بېرىپ، ئېلىپ، قېچىپ، يېپىپ، تىكىنى».

ئۈچىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەرگە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا سۆزنىڭ ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى بوغۇمىدىكى (ئاخىرقى بوغۇم ئەمەس) «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى سەل يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش «ئې» غا نۆۋەتلىشىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش «ئى»غا نۆۋەتلىشىدۇ. بۇنىڭدىن تىل ئورنى ئەڭ تۆۋەن تاۋۇش «ئا» بىلەن سەل يۇقىرى تاۋۇش «ئە»نىڭ بىر قىسىم سۆزلەردە ۋاقىت تەرتىپى جەھەتتىن ئاۋۋال تىل ئورنى سەل يۇقىرى بولغان «ئې» تاۋۇشىغا، ئاندىن تىل ئورنى ئەڭ يۇقىرى بولغان «ئى» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن:

| قەدىمكى شەكلى | «تارانچى دىيالېكتى»دىكى شەكلى | ھازىرقى شەكلى |
|---|---|---|
| يامان+ى | يامېنى | يامىنى |
| ئالا+سى | ئالېسى | ئالىسى |
| توغقان+ى | تۇققېنى | تۇغقىنى |
| ئاتا+سى | ئاتېسى | ئاتىسى |
| ئاڭلات+ىپ | ئاڭلېتىپ | ئاڭلىتىپ |
| غۇلجا+داكى | غۇلجادېكى | غۇلجىدىكى |

«ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئى» تاۋۇشىغا ئەمەس،

بەلكى «ئې» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىش ھادىسىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلى شېۋىسىدە ھېلىمۇ مەۋجۇت. ئەمما، ئىلى شېۋىسىدە بۇ ئورۇندا كېلىدىغان «ئې» سوزۇق تاۋۇشى ئەدەبىي تىلدىكى «ئې» سوزۇق تاۋۇشىغا قارىغاندا يەنىمۇ يۇقىرى، «ئى» سوزۇق تاۋۇشىغا قارىغاندا سەل تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە، كۆپلۈك قوشۇمچىسى «ـلار، ـلەر» بىلەن تەۋەلىك قوشۇمچىسى «ـى» سۆزلەرگە تەڭ قوشۇلغاندا بۇ قوشۇمچىلارنىڭ تەركىبىدىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «ئى» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشىپ «لىرى» شەكلىدە، «تارانچى دىيالېكتى»دا «ئې» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشىپ «ـلېرى» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، «ياماللېرى (يامانلىرى)، قالغاللېرى (قالغانلىرى)، خوتۇللېرى (خوتۇنلىرى)، زىنداللېرى (زىندانلىرى)» دېگەندەك. بۇ خىل ئەھۋال ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتىغا تەۋە بولغان سانجى ئوبلاستى دائىرىسىدىكى ماناس، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل شېۋىسىدە ھېلىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ساقلانماقتا.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «تارانچى دىيالېكتى» دا كۆپلۈك قوشۇمچىسى «ـلار، ـلەر»دىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى يۇقىرىقى مىساللاردا كۆرسىتىلگىنىدەك، بەزىدە «ئې» تاۋۇشىغا ئۆزگەرسە، بەزىدە باشقا تاۋۇشلارغا ئۆزگەرمەستىن، ئەسلىي شەكلىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن:

«مۇنىڭ قانچان قىسما ئىشلەرى بولسا، ئېنى سوراپ ئاندىن كىن ئۆلتۈرسە بولۇدۇ.»

«بۇ خوجېنى كىشلەرى بىلەن جىجۇ دەگەن شەھەرگە پارلاڭلار.»

يۇقىرىقى ئىككى مىسالدا «ئىش، كىشى» سۆزلىرىگە كۆپلۈك قوشۇمچىسى «ـلەر» بىلەن تەۋەلىك قوشۇمچىسى «ـى» ئۇلانغاندا «ـلەر» قوشۇمچىسىدىكى «ئە» سوزۇق تاۋۇشى «ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرىغا ئۆزگەرمەستىن، ئەسلىي شەكلىنى ساقلاپ «ئىشلەرى، كىشلەرى» شەكلىدە كەلگەن. ئەسەردە يەنە «بەگلەرى، يەرلەرى» دېگەندەك سۆزلەردىمۇ بەزىدە ئۆزگەرمىگەن.

تۆتىنچىدىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەركىبىدىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى «ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرىغا ئۆزگەرمىگەن يەنە بىر قىسىم سۆزلەر «تارانچى دىيالېكتى»دا ئۆزگىرىشكەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«يارنىڭ كۆڭنى لېچىندۇ، مەن ئۆزەمنى قاز[1]ئەتەي.»

«چاچلېرى ئۆسۈپ قېشىغا تۇشۇپتۇ، چىرېيى سارغىيىپتۇ.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «لاچىن» سۆزىدە بىرىنچى بوغۇمدىكى ۋە «چىراي» سۆزىدە ئىككىنچى بوغۇمدىكى «ئا» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن.

دېمەك، «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەردە «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرىغا ئۆزگىرىش ھادىسىسى مەۋجۇت بولغان، ھەمدە خېلى كەڭ دەرىجىدە ئومۇملاشقان. لېكىن بۇ ھادىسىنىڭ كۆرۈلۈش چاستوتىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە قارىغاندا يەنىلا تۆۋەن بولغان. شۇنىڭدەك بەزى سۆزلەرنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىمۇ، ئۆزگەرمىگەن شەكلىمۇ تەڭ كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ فونېتىكىلىق ھادىسىنىڭ ئەينى دەۋردە يەنىلا ئۆتكۈنچى ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشىدە «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگىرىشىدىن باشقا يەنە بەزى ئەھۋاللارمۇ بار. يەنى، شەخس ئالماش «ئۇ»غا تۇرلەنگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا تىل ئورنى ئەڭ يۇقىرى بولغان «ئۇ» تاۋۇشى بەزىدە تىل ئورنى سەل يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش «ئې»غا، بەزىدە تىل ئورنى ئەڭ تۆۋەن تاۋۇش «ئا»غا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

«ئېنى ساندۇققا سېلىپ ئەتكەن.»

«ئېنىڭدىن پاتشا بىر مۇنچا سۆز سورېدى.»

«مۇنى ئاڭا خۇدا ئۆزى بەرگەن.»

«خوتۇن ئالارنى كۆردى.»

«ئاندىن ئۆزگە ئىشلەرنى دالويا ئۆزى تۈگەتەدۇ.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «ئۇ» تاۋۇشى تۇرلەنگۈچى قوشۇمچە ئۇلانغاندا «ئې» ياكى «ئا» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگىرىشىپ، بۇ سۆزلەر «ئېنى، (ئۇنى)، ئېنىڭ (ئۇنىڭ)، ئاڭا (ئۇنىڭغا)، ئالار (ئۇلار)، ئاندىن (ئۇنىڭدىن)» شەكىللىرىدە كەلگەن.

(2) ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى. «تارانچى

دىيالېكتى» دىكى ئەسەرلەرنىڭ تىرانسكرىپسىيەسىدىن قارىغاندا، بەزى سۆزلەر ئىككى خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ بىرى سۆزنىڭ ئەسلىي شەكلى، يەنە بىرى سۆز تەركىبىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىن بارلىققا كەلگەن ئىككىنچى شەكىلدۇر. بۇ ئىككى شەكىلنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى نۇتۇق ئېقىمىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىش ھادىسىسىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇلاردىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، بىر قىسىم سۆزلەردە سۆز بېشى ياكى ئاخىرىدىكى پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش «چ» سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش «ش»غا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

«ئۇ يەردە ئۈش كۈن تۇرۇپ، ئۈش كۈندىن كىن ياندى.»

«بىر ئۈي ئاغرىدى، ئوت بەرسە يەمەيدۇ، سۇ ئىشمەيدۇ.»

«مۇنۇڭ ئارىسىدا ئىش شىقسا، خامئامبالنى جانجۇن قىشقىرتىدۇ.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «ئۈچ، ئىچمەك، چىقماق» سۆزلىرىدىكى «چ» تاۋۇشى «ش» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ، بۇ سۆزلەر «ئۈش، ئىشمەك، شىقماق» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

ئىككىنچى، بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «ز» بەزىدە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش «س»غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

«سەنجىر پاتتى قولۇمغا.»

«مەن قىلارمەن ئوتۇس، خۇدا قىلار توقۇس.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «زەنجىر، ئوتۇز، توقۇز» سۆزلىرىدىكى «ز» تاۋۇشى «س» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ، بۇ سۆزلەر «سەنجىر، ئوتۇس، توقۇس» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

ئۈچىنچى، بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم بېشىدا كەلگەن جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «د» بەزىدە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش «ت»غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

«ئۇ تولا ياخشى پاتىشا ئىكەن.»

«ئەرىمنى بىر تۈشمەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «پادىشاھ، دۈشمەن» سۆزلىرىدىكى بوغۇم بېشى بولغان «د» تاۋۇشى «ت» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ، بۇ سۆزلەر «پاتىشا، تۈشمەن» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

تۆتىنچى، دەرىجە سانىنى ئىپادىلەيدىغان «-جى» قوشۇمچىسىنىڭ بوغۇم بېشىدىكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «ج» بەزىدە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش «چ»غا نۆۋەتلىشىپ، بۇ قوشۇمچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش «-چى» شەكلىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «بىرىنچى، ئىكىنچى، ئۈچىنچى، تۆرتىنچى».

بەشىنچى، بىر قىسىم ئەرەبچە كىرمە سۆزلەردە بوغۇم بېشىدىكى «ۋ» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش «گ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن: «بى گۇپا بۇگۈن بارار، تاڭنا ئۇنۇتار يارىنى.»

يۇقىرىقى مىسالدا ئەرەبچە كىرمە سۆز «ۋەفا»دىكى «ۋ» تاۋۇشى «گ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ «گۇپا» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

ئالتىنچى، يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «خ، غ» تاۋۇشلىرىنىڭ «ق» تاۋۇشىغا، بەزىدە بۇنىڭ ئەكسىچە «ق» تاۋۇشىنىڭ «خ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن ئەھۋالىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«ئول ۋاختىا ئابدىشىرىپ ئاقۇن خونوخايدا ساۋدا قىلىپ يۈرۈت ئىكەن.»

«ئاخسۇدا ئۈش يىل تۇردۇم، ئاخسۇدا مەنى بىلىدىغان كىشىلەر بار.»

«ئاتقا مىنسەڭ ئاتاڭغا باخما.»

«ئاسماندىن بىر پاچا بۇلۇت كەلىپ، ئول قانىنىڭ تۆپەسىدە ياڭمۇر ياقىدۇ.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «ۋاقتا، ئاقسۇ، باقما» سۆزلىرىدىكى «ق» تاۋۇشى «خ» تاۋۇشىغا، «ياغىدۇ» سۆزىدىكى «غ» تاۋۇشى بىلەن «ئاخۇن» سۆزىدىكى «خ» تاۋۇشى «ق» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ، «ۋاختا، ئاخسۇ، باخما، ياقىدۇ، ئاقۇن» شەكىللىرىدە كەلگەن.

### 3) تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

(1) ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدىكى «ھ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

«پاتىشا ئۆيىگە ئايتىپ بېرىپ، يەتتى كەچە-كۈندۈز مىمان قىلدى.»

«مەڭسىپدارلار بۇ خانىنىڭ جەمەتى دەپ تولا ئەتىيات قىلىت ئىكەن.»

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «پادىشاھ، مېھمان، ئېھتىيات» سۆزلىرىدە «ھ» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، «پاتىشا، مىمان، ئەتىيات» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

(2) بىر قىسىم سۆزلەردە «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

«بىر قوقساڭ ھەخلى بار كىشىدىن قوق، بىر قوقساڭ ھەخلى يوق كىشىدىن قوق».

بۇ مىسالدا «قورق» سۆزىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ «قوق» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. ئەسەردە يەنە «بى (بىر)، تو (تور)، دىيى (دەريا)، يۇت (يۇرت)، ئاقېسى (ئارقىسى)، تابا (تاۋار)، پاچا (پارچە)، ساغارغان (سارغايغان)، ساغاتۇ (سارغايتۇر)، قاز (قەرز)، قاتا (قاتار)» دېگەن سۆزلەردىمۇ «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

(3) بىر قىسىم سۆزلەردە «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

«تاڭنېكى قۇرۇقتۇن بۇگۈنكى ئۆپكۆ ياخشى.»

«چەرىكنىڭ يەيدىغان، ئىچىدىغان، كىدىغان كىملەرىنى توشىدى.»

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «قۇيرۇق، كەيىدىغان، كەيىم» سۆزلىرىدە «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، «قۇرۇق، كىدىغان، كىم» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

(4) بىر قىسىم سۆزلەردە «ۋ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

«بىر كۈنى ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئو ئولاپ يۈرەتتى.»

«ئاندىن كىن ئوچىلار ئول يەردىن كەتتى.»

«ئولىيالار قولدىسۇن.»

«خىيالىمغا كەلگەندە، قالماق بولۇپ مەن تولۇدۇم.»

«يېگى يار كىشى تۇسسا، سودايى ئاغرىق بولغۇدەك.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «ئوۋ، ئوۋچى، ئوۋلىماق، تووۇلۇماق، ئەۋلىيا، سەۋدايى» دېگەن سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «ۋ» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، بۇ سۆزلەر «ئو، ئوچى، ئولىماق، ئولىيا، تولۇدۇم، سودايى» شەكىللىرىدە ئىپادىلەنگەن.

(5) بىر قىسىم سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە ئۈزۈك تاۋۇشلار بەزى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قوشۇلۇپ، بوغۇم بويىچە چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

«سىلەر جانجۇن دەپ ۋاقاراڭلار. جانجۇن سىلەرنىڭ تۇشۇڭلارنى ئىشتىپ، ئېلىپ كەلىپ سۇرايدۇ.»

«دۇمباقنىڭ توشىنى جانجۇن ئاڭلاپ، بىر داتخور كەلىپتۇ، ئېلىپ كىرىڭلەر، دەپتۇ.»

«بۇ كىككە ئوق چىقارماڭلار، تىرىك تۇتۇڭلار.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «تاۋۇش، كەيىك» سۆزلىرىدە بىردىن بوغۇم چۈشۈپ قېلىپ «تۇش\توش، كىك» شەكىللىرىدە ئىپادىلەنگەن. بۇلاردىن باشقا ئەسەردە يەنە «كىن (كەيىن)، سوق (سوغۇق)، جەنگىر (جەھانگىر)، مەلە (مەھەللە)، يوسۇل (ياساۋۇل)، ئەپ كەل (ئالىپ كەل)» دېگەن سۆزلەردىمۇ تاۋۇشلار بوغۇملار بويىچە چۈشۈپ قالغان.

### 4) تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

«تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم ئەرەبچە كىرمە سۆزلەرنىڭ ئالدىغا «ھ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان. مەسىلەن:

«ئول قىز تولا چىرايلىق، ھېقىللىق، دانىشمەن ئىكەن.»

«مەنىكى ئىكى يارىم بار، كۆرمەككە ھەجەپ چاققان.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «ئەقىل، ئەجەب» سۆزلىرىنىڭ ئالدىغا «ھ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان.

## 2. تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر

«تارانچى دىيالېكتى» بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ئەسەر خاتىرىلەنگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 150 يىلغا يېقىن تارىخىي جەرياندا تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەر تەركىبىدىكى بىر قىسىم تاۋۇشلاردا نۆۋەتلىشىش، چۈشۈپ قېلىش، قوشۇلۇپ قېلىش قاتارلىق بەزى تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1) تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

(1) سوزۇق تاۋۇشلاردىكى نۆۋەتلىشىش.

بىرىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دىكى بىر قىسىم سۆزلەر تەركىبىدىكى «ئۇ» تاۋۇشىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئو» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن:

«دالوېينىڭ ئالدىغا نەچە قىسما سۇراق كەلىدۇ.»

«ئاندىن دالويا سۆز سۇرايدۇ.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «سۇراق، سۇرايدۇ» سۆزلىرىدىكى تىل ئۇرنى ئەڭ يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش «ئۇ» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تىل ئورنى سەل يۇقىرى بولغان «ئو» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشىپ «سوراق، سورايدۇ» شەكلىدە كېلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دىكى بىر قىسىم سۆزلەردىكى «ئۆ» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئۈ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

«جانجۇن ئۆزى تۆگەتكەندەك ئىش بولسا ئۆزى تۆگەتۇدۇ.»

يۇقىرىقى مىسالدىكى «تۆگەتمەك» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تۈگەتمەك» شەكلىدە كۆرۈلگەن.

لېكىن، شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەردە «ئۆ» تاۋۇشى بەزىدە يۇقىرىقىدەك شەكىلدە كەلسە، بەزىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بىلەن ئوخشاش «ئۆ» تاۋۇشىغا ئۆزگەرمەيدىغان شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

«سىلەر مۇنى ياخشى سوراپ تۆگەتىپ، ماڭا ئاڭلاتىڭلار.»

يۇقىرىقى مىسالدا «تۆگەتمەك» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش شەكلىدە كەلگەن. بۇنىڭدىن ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشچان تىل ھالىتىنى كۆرۈش مۇمكىن.

ئۈزۈك تاۋۇشلاردىكى ئۆزگىرىش. بىرىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىدىكى «ت» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

«شىرىن دەگەن بىر پاتىشانىڭ قىزىنى تۇشىدە كۆردى.»

«ئۇ يىگىتكە كۆڭلى تۇشتى.»

«تۇرت كەپتەر كەلىپ ئالدىغا تۇشۇپتۇ.»

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «تۇش، تۇشمەك» سۆزلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چۈش (ئىسىم)، چۈشمەك (پېئىل)» شەكلىدە كېلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىدىكى «س» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

«تەپسەڭ ساندۇق ئاچىلار، گۇل بىشمىغا ساچىلار.»

«ئۆينىڭ تۆرىدە ياتقان، ساشقانىنى ماراپ ياتقان.»

يۇقىرىدىكى مىساللاردىكى «ساچماق، ساشقان» سۆزلىرىدە بوغۇم بېشىدىكى «س» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشىپ، «چاچماق، چاشقان» شەكلىدە كېلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دا كۆرسىتىش ئالماش «بۇ» تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگەندە «مۇ» شەكلىدە كېلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئۇنداق بولماستىن، بەلكى «بۇ» شەكلى بويىچە كېلىدۇ. مەسىلەن:

«مۇنى ئۆزەم ئالدىم دەگەلى بولمايدۇ، مۇنى ئاڭا خۇدا ئۆزى بەرگەن.»

«مۇڭا سىلەر ئىخلاس قىلماڭلار، ئاخىرىغا ئۆزەڭلەرگە يامان بولۇدۇ.»

«مۇنۇڭ ئاغزى پۇچۇق، بۇ تولا يامان كىشى.»

يۇقىرىقى مىساللاردىكى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگەن «مۇنى، ئاڭا، مۇڭا، مۇنۇڭ» قاتارلىق كۆرسىتىش ئالماشلىرىدىكى «م» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ب» تاۋۇشى بىلەن كېلىپ، بۇ سۆزلەر «بۇنى، ئۇنىڭغا، بۇنىڭغا، بۇنىڭ» شەكلىدە كېلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ، «مۇ» بوغۇمى بىلەن باشلىنىپ كېلىدىغان كۆرسىتىش ئالماشلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىلى شېۋىسىدە ھېلىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

تۆتىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىدىكى «ب» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «پ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشكەن. مەسىلەن:

«شەرىئەت بۇتمەگەنىگە تاش تاشلاپ ئۆلتۈرىدىغان گۇنا كەلىدۇ، دەدى.»

«مۇڭا بىر-ئىكى يۈز تاشچى بولسا، ئىكى يىلدا بۇتەر دەپ ئاڭلاتتى.»

«بۇ قىلغان ئىشلەرىنى بىر-بىر خاتقا بۇتۇپ خات خانىغا بولاپتۇ.»

«يۇت ئىچىدە ئىكى كىشى سوقۇشۇپ، بىرى ئۆلسۇ، يا بىچاق سالغان بولسا، ئىنى كەلىپ دالوينىغا ئاڭلاتىدۇ.»

يۇقىرىقى سۆزلەردىكى «بۇتمەگەن، بۇتەر، بۇتۇپ، بىچاق» سۆزلىرىنىڭ بوغۇم بېشىدىكى «ب»

تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «پ» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن بولۇپ، بۇ سۆزلەر «پۈتمىگەن، پۈتەر، پۈتۈپ، پىچاق» شەكلىدە كېلىدۇ. ئەسەردە يەنە «بىشۇرماق\بۇشۇرماق (پىشۇرماق)، بالتا (پالتا)» سۆزلىرىمۇ مۇشۇ خىل شەكىلدە كەلگەن.

بەشىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «س» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ز» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

«ئۇ يىگىت قارچىغىنىڭ ئارقىسىدىن كەلىپ ئۇ باققا كىردى، كىرىپ قارچىغىسىنى ئىستەپ تاپتى.»

«بۇ كوچاغا سۇ(نى) كىم قويۇپتۇ، ئىستەپ تېپىڭلار، دەپتۇ.»

بۇ مىساللاردىكى «ئىستەمەك» سۆزى تەركىبىدىكى «س» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ز» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشىپ، بۇ سۆز «ئىزدىمەك» شەكلىدە كېلىدۇ.

ئالتىنچىدىن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «دەۋە\تەۋە» (تۆگە) سۆزى «تارانچى دىيالېكتى»دا بەزىدە «دەۋە» شەكلىدە، بەزىدە «تۈگە» شەكلىدە قوللىنىلغان. بۇنىڭدىن بۇ سۆزدىكى «ۋ» تاۋۇشىنىڭ «گ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشىشىنىڭ ئەينى دەۋردە ئۆتكۈنچى ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن:

«بىر دەۋەنى قوشۇپ ھەمرانى ئائىلىسىنىڭ شەھەرىگە بۇلبۇلى گويىغا ئەۋەتتى.»

«مىنگەلى ئات بەردى، ئىشلەتكەلى تۈگە بەردى.»

## 2) تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

(1) «تارانچى دىيالېكتى»دا «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالمىغان بىر قىسىم سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ تاۋۇش چۈشۈپ قالغان ھالەتتە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«بۆلۆك كىشىنى ئەرگەشىپ كەتتى.»

«كەڭرۈ يەرگە خىرمان قىلىپ توشۇپ تەپتى.»

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «ئەرگەشىپ، خىرمان» سۆزلىرىدىكى «ر» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قېلىپ، بۇ سۆزلەر «ئەگىشىپ، خامان» شەكلىدە كېلىدۇ. ئەسەردە قوللىنىلغان «تۆرت، بۆرك، پارلىماق، يۈرگەمەك، ئەرتە، يەركەن، دەرۋا، چۆرچەك، ئەۋەرتمەك» سۆزلىرىدىكى «ر» تاۋۇشىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قېلىپ، بۇ سۆزلەر «بۆك، پالىماق، يۆگىمەك، ئەتە، يەكەن، دەۋا، چۆچەك» شەكلىدە كېلىدۇ.

(2) «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەر تەركىبىدىكى «ن» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

«يامانىنىڭ ياخشىسى بولغۇنچا، ياخشىنىڭ يامىنى بول.»

«ئاش قالماغىنچا ئاشنىڭ قادىرىنى بىلمەس،

ياياق يۈرمەگىنچە ئاتنىڭ قادىرىنى بىلمەس.»

«نەچەن غەلبۇر بۇغدايىنى بەكار ئېلىپ كەتتى.»

«قانچان ئادەملەر قاشقارنىڭ يولىدا ئۇن توشۇپ مۇزلاپ ئۆلدى.»

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «بولغۇنچا، قالماغىنچا، يۈرمەگىنچە، نەچەن، قانچان» سۆزلىرىدىكى «ن» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قېلىپ، بۇ سۆزلەر «بولغۇچە، قالمىغىچە، يۈرمىگىچە، نەچچە، قانچە (قانچىلىغان)» شەكلىدە كېلىدۇ.

## 3) تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

(1) ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەر «تارانچى دىيالېكتى»دا سۆز بېشىغا «ھ» تاۋۇشى قوشۇلمىغان شەكىلدە كەلسە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ھ» تاۋۇشى قوشۇلغان شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «ئاراقچىنىڭ[2] كۆڭنى باي.»

يۇقىرىقى مىسالدىكى «ئاراق» سۆزىنىڭ ئالدىغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ھ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ «ھاراق» شەكلىدە كېلىدۇ.

(2) «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەر ئىككى بوغۇم ئارىلىقىدا ئالدىنقى بوغۇمنىڭ ئاخىرىدىكى «ي» تاۋۇشى قوشۇلمىغان شەكىلدە كەلسە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ي» تاۋۇشى قوشۇلغان شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

«ئول كىشىنى قىنغا باستى، قىنىغاندىن كىن راستىنى ئايتتى.»

«سەن ئاغىلىرىڭدىن[3] ئارىلمىغىن.»

«نوسۇن ئاتقا يۈگەن سالدىم، مىندىم، قارىلدىم.»

«ئاسمان تۆپۆنىگە قالسا، بىر تورغاي ساراپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ.»

«ھەر قاسى ئايماقنىڭ خالخى بەگلەرىنىڭ شۇملىگىدىن يوقۇلۇپ كەتتى.»

«چاپپىنىمى قۇرۇيدۇ، ئۆزەم ھەم ئۇتۇنى سىنىپ ئىسسىمەن، دەدى.»

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «قىنىماق، ئارىلىماق، قارىلماق، ساراماق، ھەر قاسى، ئىسسىمەن» سۆزلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم ئارىلىقىغا بىردىن «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ، بۇ سۆزلەر «قىينىماق، ئايرىلماق، قايرىلماق، سايرىماق، ھەر قايسى، ئىسسىيمەن» شەكلىدە كېلىدۇ.

(3) «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەردە ئىككى بوغۇم ئارىسىدا كەلگەن بىر ئۇزۇن تاۋۇش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىككىگە پارچىلىنىپ، بىرى ئالدىنقى بوغۇمنىڭ ئاخىرى، يەنە بىرى كېيىنكى بوغۇمنىڭ بېشى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

«ھەكىم، شاغا <u>توقۇز</u> قاتا(ر) سۆگۆدۆپ[4]، <u>توقۇز</u> قاتا(ر) باش قويدى.»

«يامغۇر ياغمىغان بۇلۇتتىن، <u>ئاچىغى</u> كەلگەندە كۈلگەن كىشىدىن ھەزەر قىل.»

«قوسۇغۇم ئاشتى دەگەنگە ئاش بەردى، <u>ئۇسۇدۇم</u> دەگەنگە سۇ بەردى.»

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «توقۇز، ئاچىغ، ئۇسۇماق» سۆزلىرىدە ئىككى بوغۇم ئوتتۇرىسىدا بىرلا ئۇزۇن تاۋۇش بار بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئۇزۇن تاۋۇش ئىككىگە ئاجراپ، بۇ سۆزلەر «توققۇز، ئاچچىق، ئۇسسۇماق» شەكىللىرىدە كېلىدۇ. ئەسەردە يەنە بۇنداق سۆزلەردىن «ئوتۇز (ئوتتۇز)، ئىكى (ئىككى)، يەتە (يەتتە)، سەكىز (سەككىز)، ھەمە (ھەممە)، سادە (ساددا)، قىمات (قىممەت)» قاتارلىقلار بار.

دېمەك، رادلوفنىڭ «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق كىتابىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تىلىدا تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدا يۈز بېرىدىغان ئاسسىمىلياتسىيە، نۆۋەتلىشىش، چۈشۈپ قېلىش، قوشۇلۇپ قېلىش قاتارلىق فونېتىكىلىق ھادىسىلىرى بىر قەدەر روشەن ھالدا ئەكس ئەتكەن. شۇنىڭدەك بەزى فونېتىكىلىق ھادىسىلەر ئۆزگىرىشچان ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، مۇقىملىق دەرىجىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان. بۇ دەۋر تىلى فونېتىكا جەھەتتىن چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسىي فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، تەدرىجىي ھالدا خەلقنىڭ ئېغىز تىلىغا يېقىنلىشىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ئاساس ياراتقان. شۇنىڭدەك، بىز ئۆتكۈنچى دەۋر تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، بىر قىسىم سۆزلەردە بەزى تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلەشكەنلىكى، چۈشۈپ قالغانلىقى، قوشۇلۇپ قالغانلىقىدەك تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنىمۇ كۆرىمىز. بۇلارنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش بىزنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىلىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات تارىخىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى توغرا ئىگىلىشىمىزگە ياردەم بەرگۈسىدۇر.

## ئىزاھلار

[1] قاز- غاز.
[2] ئاراقچى- ھاراقكەش.
[3] ئاغا- ئاكا.
[4] سۆگۈتمەك- تازىم قىلماق

## پايدىلانمىلار


1. ۋ. ۋ. رادلوف: «شىمالدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ تىلى، 1- بۆلۈم: خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر، 6- قىسىم: تارانچى دىيالېكتى»، سانكت پېتېربۇرگ، 1886- يىلى نەشرى.
2. ئارسلان ئابدۇللا، يارى ئەبەيدۇللا، ئابدۇرېھىم راخمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010- يىلى 12- ئاي نەشرى.
3. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «فونېتىكا ۋە تىل تەكشۈرۈش»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989- يىلى نەشرى.
4. ئەسەت سۇلايمان: «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى ۋە ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007- يىللىق 4- سان.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.34, Iss.2 (Total:134) Jun 2013

## Contents

A Discussion on Uyghur Society and Development of Historiography in Qing Dynasty.............. ..........................................................................*Ahmed Sulayman Kutluk*(1)

A Discussion on Secularization Reform of Turkey.................................*Zuhayat Ismayil*(13)

A Research on Phonetic Changes of Taranchi Dialect.......................................*Nijat Sopi*(24)

A Study on Sexual Discrimination in Uyghur Language........................*Aynur Abdurished*(34)

A Discussion on the Employment Pressure of Vulnerable Female Minority Students................. ...............................................................*Ilham Yasen, Dilbar Mahmudjan*(43)

A Suggestion on Socializing the Public Safety.................*Elyas Jalaldin, Arslan Ahmed Ziyai*(50)

A Study on the "Insadi Sutra" in "Uyghur-Scripted Buddhist Sutra" ..............*Dilare Israpil*(58)

An Analysis on Six Meanings of Translation.........................................*Rashida Ghopor* (62)

A Study on Motif of "The Story of the Parrot"..........................*Abduwali Keram Gholboyi*(67)

A Discussion on the Significance of Uyghur Modern Historical Novel Categorization............... ..................................................................*Abdulahad Abdurshed Berqi*(72)

An Analysis on Lyrics of Uyghur Ili-Folk Songs and Its Language Features............................ ..........................................................................*Halmurat Abdurehim*(81)

An Analysis about Children Poem Creation..............................................*Arken Dawut*(89)

A Study on Motifs of Uyghur Romantic Dastans.....................*Yasin Muhammadniyaz Teka*(98)

A Comparative Study between Uyghur and Japanese Folk Stories..........*Dilare Abaydullam*(112)

An Analysis on Natural Disasters of Xinjiang in Qing Dynasty's Documents......................... ..................................................................*Aliye Anwar, Mayire Jappar*(116)

A Discussion on Historical Values of "Bilga Qahan" and "Kul Tigin"................................. ..........................................................................*Ablikim Kurban Tomur*(129)

A Research on How to Manage Books, Newspapers and Magazines in Library...................... ..........................................................................*Halida Asmat* (137)

# 新疆大學學報

Journal of Xinjiang University

哲学社会科学维吾尔文版

季刊（1980年创刊）

第34卷 第二期 2013年6月1日出版

主管・主办：新疆大学（乌鲁木齐胜利路14号）

主　　编：阿布里克木・亚森

编辑出版：新疆大学学报编辑部

印　　刷：乌鲁木齐光大印刷厂

邮政编码：830046

电　　话：0991-8582927

电子邮箱：xju13@xju.edu.cn

国内发行：全国各地邮政局

国外发行：中国国际图书贸易总公司（北京399信箱）

国际标准刊号：ISSN 1005-5878

国内统一刊号：CN65-1034/G4-W

国内代号：58-13

国外代号：5798（QR）

定　　价：6.00元

ISSN 1005-5878

07>

9 771005 587001

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال (1980 - يىلى چىقىشقا باشلىغان)

2013 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (34 - يىللىق 2 - سان)

باشقۇرغۇچى، مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ياسىن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830046 تېلېفون: 0991 - 8582927

ئېلخەت ئادرېسى: xju13@xju.edu.cn

باسقۇچى: ئۈرۈمچى گۇاڭدا باسما مەركىزى

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ

(بېيجىڭ 399 - خەت ساندۇقى)

خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005 - 5878

مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65 - 1034/G4 - W

خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: 5798(QR)

مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 13

باھاسى: 6 يۈەن